ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى

UIGHUR TWELVE MUQAM

4

چارىگاھ

CHARIGAH

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى

UIGHUR TWELVE MUQAM

4

چارگاھ

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئون ئىككى مۇقام
تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى،
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

维吾尔十二木卡姆

UIGHUR TWELVE MUQAM

4

恰尔尕木卡姆

新疆维吾尔自治区十二木卡姆研究学会
新疆维吾尔自治区文化厅 编

新疆人民出版社

责任编辑：阿布都肉苏里·吾马尔　李春华
整体设计：热孜婉·吐尔迪

维吾尔十二木卡姆(维、汉文)

恰尔尕木卡姆(第四木卡姆)

新疆维吾尔自治区十二木卡姆研究学会
新 疆 维 吾 尔 自 治 区 文 化 厅　编

新疆人民出版社出版发行
(乌鲁木齐市建中路 54 号　邮政编码 830001)
计算机制谱：北京现代艺术开发工程公司
歌词排版：新疆人民出版社微机室
新疆新华印刷厂印刷
850×1168 毫米　32 开本　4.75 印张　8 插页
1993 年 12 月第 1 版　1994 年 4 月第 1 次印刷
印数：1—1 800

ISBN7—228—02955—O/J·139　定价：12.00 元

تەھرىر ھەيئىتى :

تۆمۈر داۋامەت (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى)

مەمتىمىن يۈسۈپ (تەتقىقاتچى) ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر (تەتقىقاتچى) ، ئىمىن تۇرسۇن (ئالىي مۇھەررىر) ، قېيۇم تۇردى (بىرىنچى دەرىجىلىك يازغۇچى) ، مەھەممەت زۇنۇن (پروفېسسور) ، ئوبۇل ئىسلام (ئالىي مۇھەررىر) ، چېن جۇڭچيۇ (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر) ، شېرىپىدىن ئۆمەر (پروفېسسور) ، جۇجى (تەتقىقاتچى) .

مۇقامنىڭ مۇزىكىسىنى نوتىغا ئالغۇچى :

مەتروزى تۇرسۇن (بىرىنچى دەرىجىلىك كومپوزىتور) .

نوتىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى :

جۇجى (تەتقىقاتچى) .

مۇقامنىڭ تېكىستلىرىنى رەتلەپ نەشرگە تەييارلىغۇچىلار :

مۇھەممەتئېلى زۇنۇن (بىرىنچى دەرىجىلىك دراماتورگ) ، ئۆمەر ئىمىن .

مۇقام تېكىستلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىلار :

جىڭيا (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر) ، جاڭ شىرۇڭ (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر) ، خۇشىڭلى .

مۇقام تېكىستلىرىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىنى بېكىتكۈچى :

جۇ يىڭۋۇ (ئالىي تەرجىمان) .

试读结束，需要全本PDF请购买 www.ertongbook.com

编委会名单：

铁木尔·达瓦买提（新疆维吾尔自治区十二木卡姆研究学会会长）

买买提明·玉素甫（研究员）

阿布都热依木·乌提库尔（研究员）

伊敏·吐尔逊（编审）

克尤慕·图尔迪（一级作家）

买买提祖农（教授）

乌布利·斯拉木（编审）

陈重秋（副编审）

谢日甫丁·乌买尔（教授）

周吉（研究员）

十二木卡姆记谱：

买提肉孜·吐尔逊（一级作曲）

周吉（研究员）

十二木卡姆歌词整理：

买买提力·祖农（一级编剧）

乌买尔·伊明

十二木卡姆歌词汉文翻译：

井亚（副编审） 张世荣（副译审） 胡胜利

朱英武（译审）校订

ئامانىساخاننىڭ ھەيكلى ئالدىدا

阿曼尼莎汗塑像前



阿曼尼莎汗陵墓前　　ئامانىنساخاننىڭ قەبرىگاھى ئالدىدا

ئاتاقلىق مۇقام ئۇستازى تۇردى ئاخۇن

著名木卡姆大师吐尔地阿訇

乌孜哈勒木卡姆演奏场面　ئورۇنلىنىۋاتقان ئۆزھال مۇقامىدىن بىر كۆرۈنۈش

كىرىش سۆز

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى — ئۇيغۇر خەلقى جۇڭخۇا مىللەتلىرى-
نىڭ پارلاق مەدەنىيىتىگە قوشقان زور تۆھپە ؛ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ
سەنئەت خەزىنىسىدىكى مىسلىسىز چاقناپ تۇرغان گۆھەر . ئۇنىڭدا ئۇيغۇر
خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ رەڭدارلىقى ۋە گۈزەل مەنىۋىيىتى ، ئىستەك - ئىن-
تىلىشلىرى ، تارىخىي رېئاللىقتىن ھاسىل قىلىنغان مۇھەببەت - نەپرەتلىرى
مۇزىكا ، ئەدەبىيات ، ئۇسسۇل قاتارلىق خىلمۇ - خىل تىل شەكىللىرى
بىلەن ئىپادىلەپ بېرىلگەن . ئۇنىڭدا ئاكۇستىك مۇزىكا ، چالغۇ
مۇزىكىسى ، بەدىئىي ئەدەبىيات ، دراما ، ئۇسسۇل شەكىللىرى مۇجەسسەم-
لەشتۈرۈلگەن ، لىرىكا بىلەن ئېپىكا بىرلەشتۈرۈلگەن . بۇنداق مۇزىكا
شەكلى دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ سەنئەت تارىخىدا ئالاھىدە ئۆزگىچە بولغان
مۆجىزىدۇر .

مۇقامنىڭ تارىخى ئۇزۇن ۋە ئارقا كۆرۈنۈشمۇ كەڭ ۋە چوڭقۇر ،
ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىي دەۋرلىرى بىلەن ھەمقەدەمدۇر . ئۇيغۇر خەل-
قىنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە كىرگەن قەبىلىلەر كۆپ ۋە كەڭ دائىرىلىك
بولغاچقا ، مۇزىكا مەدەنىيىتىمۇ كۆپ قاتلاملىق ، كۆپ مەنبەلىك ، لېكىن
ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن باشقا مىللەتلەرنىڭ مۇزىكىلىرىدىن
پەرقلىنىدۇ .

ئون ئىككى مۇقامنىڭ مەنبەسى زامان ۋە ماكان ئامىللىرى بويىچە
ئاساسەن ئىككى : بىرى ، قەدىمدىن كېلىۋاتقان يىر - كۆيلەرنىڭ
ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىكلىرى ئاساسىدا راۋاج تاپقان بىر يۈرۈش ناخشا -
مۇزىكىلار ؛ يەنە بىرى ، مۇزىكا شىۋىلىرى ، يەنى كۇچا ، قەشقەر ،
قوجۇ (تۇرپان) ، ئىۋىرغول (قۇمۇل) ۋە ئۇدۇن (خوتەن) ناخشا -
مۇزىكىلىرى ۋە دولان ناخشا - مۇزىكىلىرى . بۇ زامان ۋە ماكان ئامىللىرى

试读结束，需要全本PDF请购买 www.ertongbook.com

ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ ، بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ . ئۇ-نىڭدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ياشاش شەكلى ، مىللىي خاراكتېرى ، ئەدەپ - ئەخلاق چۈشەنچىلىرى ، پسىخولوگىيىسىدىن كېلىپ چىققان مىللىي مە-لودىيىلىك ئالاھىدىلىك بار . بۇ ئالاھىدىلىك ئۆزگىچە مۇزىكىلىق شەكىللەر ، ئورۇنداش ئادەتلىرى ، جۈملىدىن خاس چالغۇلار بىلەن گەۋدىلىنىدۇ .

مۇقام ئېتنولوگىيىلىك مەنىسىدىن قەتئىينەزەر ، مەلۇم سىستېمىغا سېلىنغان بىر يۈرۈش مۇزىكا مۇجەسسەمنى بىلدۈرىدىغان خاس نام . ئون ئىككى مۇقامنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ناملىرى 16 - ئەسىردە ، مۇزىكا ئۇس-تازلىرىمىزدىن قىدىرخان ، ئامانىسا خان (نەفسى) لارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ، كۆپلىگەن ئەلنەغمىچىلەرنىڭ قېزىشى ، تولۇقلىشى ۋە رەت-لىشى بىلەن هازىرقى هالەتتە قېلىپلاشتۇرۇلغان . ئون ئىككى مۇقام راك ، چەبىيات ، مۇشاۋرەك ، چارگاھ ، پەنجىگاھ ، ئۆزھال ، ئەجەم ، ئۇششاق ، ناۋا ، بايات ، سىگاھ ، ئىراقلاردىن ئىبارەت . ئون ئىككى مۇقامنىڭ يەرلىك ۋارىيانتلىرىمۇ بار ، بۇلاردىن مەشهۇرراقلىرى ۋە مەلۇم ئالاھىدىلىكى بولغان-لىرى دولان مۇقاملىرى ۋە قۇمۇل مۇقاملىرىدۇر .

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامدا هەر بىر مۇقام چوڭ نەغمە ، داستان ، مەشرەپ دېگەن چوڭ ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن ؛ هەر بىر قىسىم تۆت ئاسا-سىي سۇتۇق ۋە بىر قانچە تۇرلەنمە (ئىنۋېرسىيە) كۈيلەردىن تەركىب تاپقان . بۇ كۈيلەرنىڭ هەر بىرى مەزكۇر مۇقامدىكى ئاساسىي كۈينىڭ شۆبىسى بولۇش بىلەن بىللە ، يەنە گارمونىيىلىك هالدا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل كۈيمۇ بولالايدۇ .

ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مۇزىكىلىق ئىپادىسىدۇر . مۇقاملار ئاجايىپ چوڭقۇر مەنىلىك ، باي مەزمۇنلۇق ، رەڭمۇ - رەڭ تۇس-لۇك ، بەدىئىي پاساھەتلىك ، يەڭگىل هەم ئېيتىشقا ئەپلىك كلاسسىك شېئىرلار ، غەزەل ، بېيىت - قوشاقلار بىلەن جانلىنىدۇ ، بولۇپمۇ شېئىرى-يىتىمىزنىڭ ئەڭ ئاھاڭدار بەدىئىي شەكلى بولغان غەزەللەرنىڭ 18 خىل بەھرى بىلەن يېڭى تۈسكە كىرىدۇ .

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى رەتلەش، تولۇقلاش ۋە تەتقىق قىلىش جەھەتتە بىر مۇنچىلىغان ئۇنۇملۈك خىزمەتلەر ئىشلىنىپ مەدەنىيەت خەزىنىمىزنىڭ بۇ بىباھا گۆھىرى بىر قەدەر مۇكەممەل، يارقىن تۈسكە كىردى. «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» نى نەشرگە تەييارلاشتا يەنىلا مەشھۇر مۇقام ئۇستازى تۇردى ئاخۇن ئاكا بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن مۇقام نەغمىلىرى، مۇقام تېكىستلىرى ئاساس قىلىنغان بولسىمۇ، بىر قىسىم مۇقام نەغمىلىرى تولۇقلاندى. تەكرارلانغان تېكىستلەر، مۇزىكا رىتىمىگە ماسلاشمايدىغان تېكىستلەر ئورنىغا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان ئاتاقلىق شائىرلارنىڭ نادىر نەزمىلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

تۇردى ئاخۇن ئاكا ئېيتقان ئون ئىككى مۇقام نەغمىلىرى 245، مۇقام تېكىستلىرى 2482 مىسرا ئىدى. بۇ قېتىم رەتلەش، تولۇقلاش ئارقىلىق 320 نەغمە بىلەن 2990 مىسرا تېكىست بېكىتىپ چىقىلدى.

بۇ قېتىم ئاتاقلىق كلاسسىك شائىرلىرىمىزدىن ئاتايى، سەككاكى، لۇتپى، سەئىدى، رەشىدى، نەفسى، قىدىرخان، گۇمنام، زەلىلى، نۆبىتى، نىزارى، قەلەندەر، مەشھۇرى، موللا بىلال قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىگە ئون ئىككى مۇقام نەغمىلىرى ئىچىدىن ئالاھىدە ئورۇن بېرىلدى.

ئىلگىرى رەتلەنگەن مۇقام تېكىستلىرى ئىچىدىكى خەلق داستانلىرى ۋە خەلق قوشاقلىرى 518 مىسرا، مەنبەسىز تەرمە مىسرالار 162 مىسرا ئىدى. بۇ قېتىمقى رەتلەشتە مەنبەسىز مىسرالار قالدۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا خەلق داستان - قوشاقلىرىدىن 1053 مىسرا كىرگۈزۈلدى.

خىلمۇ - خىل ئىجتىمائىي سەۋەبلەر ۋە ئوقۇش - ئورۇنلاش جەھەتتىكى سەۋەنلىكلەر تۈپەيلىدىن بۇزۇلغان ياكى بۇزۇۋېتىلگەن تېكىستلەر ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

ناخشا — ئالاھىدە بىر خىل سەنئەت. ئۇنىڭ تېكىستلىرى خەلق تىلىغا قانچە يېقىن بولسا، خەلققە بېرىدىغان مەنىۋى لەززىتى شۇنچە

ئاشىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئون ئىككى مۇقامنى ئورۇنلىغۇچى ۋە ئاڭلىغۇچىلاردا چۈشەنمەسلىك - تېڭىرقاش ھالەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بەزى قەدىمكى ئۇيغۇرچە، ئەرەبچە - پارىسچە سۆزلەر ئاممىباب ئۇيغۇرچە ياكى ئۆزلۈشۈپ كەتكەن ئەرەبچە - پارىسچە سۆزلەرگە ئالماشتۇرۇلۇپ، تېكىستلەرنىڭ مەزمۇنى ئوچۇقلاشتۇرۇلدى. ئوچۇقلاشتۇرۇش مۇمكىن بولمىغان 70 نەچچە سۆزگە ئىزاھات بېرىلدى.

ئون ئىككى مۇقامنى نوتىغا ئېلىشتا، شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى چېلىپ ئورۇنلىغان، شىنجاڭ ئۈن - سىن نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» نىڭ ئۈنئالغۇ لېنتىسى (نومۇرى XL – 100) ئاساس قىلىندى.

مۇقامنى نوتىغا ئېلىشتا ئەنئەنىۋى بەش سىزىقلىق نوتىغا ئېلىش قائىدىسى بويىچە ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ مۇزىكىلىق ئالاھىدىلىكى نەزەردە تۇتۇلدى.

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ نوتىسىنى ئىلمي جەھەتتىن تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە جۇڭگو سەنئەت ئاكادېمىيىسى مۇزىكا تەتقىقات ئورنىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، جۇڭگو ئەنئەنىۋى مۇزىكا ئىلمي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى، جۇڭگو سەنئەت ئاكادېمىيىسى مۇزىكا تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى خۇاڭ شياڭپېڭ؛ جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر مۇزىكا ئىلمي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مەركىزىي مۇزىكا ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى تيەن ليەنتاۋ؛ جۇڭگو ئەنئەنىۋى مۇزىكا ئىلمي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى، جۇڭگو سەنئەت ئاكادېمىيىسى مۇزىكا تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى، تەتقىقاتچى چياۋ شۇەنجۇڭ؛ خەلق مۇزىكا نەشرىياتى 2 - تەھرىر ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر چاڭ شۇپېڭ؛ «جۇڭگو مۇزىكا يادىكارلىقلىرى بۈيۈك تەزكىرىسى» نىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى، جۇڭگو سەنئەت ئاكادېمىيىسى مۇزىكا تەتقىقات ئورنىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى ۋاڭ زىچۇ؛ جۇڭگو سەنئەت ئاكادېمىيىسى مۇزىكا تەتقىقات ئورنىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى، دوكتور خەن باۋچياڭ قاتارلىق مۇتەخەسسىسلەر قاتناشتى.

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ تېكىستلىرىنى مۇشۇ كىتابنىڭ تەھرىر ھەيئىتى ئىلمىي جەھەتتىن تەكشۈرۈپ بېكىتتى .

« ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى » نىڭ نەشرى قىلىنىشى پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان تارىخىي ئەھمىيەتلىك زور ئىش . ئىشىنىمىزكى ، ئۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ سەنئەت خەزىنىسىنى تېخىمۇ بېيىتىپ خەلقىمىزگە تېخىمۇ كۆپ مەنىۋى ئوزۇق بېغىشلايدۇ .

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئون ئىككى

مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى



前　言

维吾尔十二木卡姆，是维吾尔族人民对中华民族灿烂的文化所作的重大贡献，是我们伟大祖国艺术宝库中的一颗闪耀璀璨光芒的珍稀瑰宝。她运用音乐、文学、舞蹈、戏剧等各种语言和艺术形式表现了维吾尔族人民绚丽的生活和高尚的情操，反映了他们的理想和追求以及当时的历史条件下所产生的喜怒哀乐。她集传统音乐、演奏音乐、文学艺术、戏剧、舞蹈于一身，具有抒情性和叙事性相结合的特点。这种音乐形式在世界各民族的艺术史上独树一帜，堪称一绝。

木卡姆历史渊源流长，背景广阔而深远，与维吾尔族人民的历史时代同步发展。尽管属于维吾尔族民俗范畴的部落众多，地域辽阔，其音乐文化也具有多层次多源流的特点，但她仍以自己独特的风格而有别于其他民族的音乐。

十二木卡姆的源流，从时代和地域因素上讲主要有两点，一是由古代流传下来的传统音乐的基础上发展成的套曲和歌曲；二是地方音乐，即库车、喀什、吐鲁番、哈

试读结束：需要全本PDF请购买 www.ertongbook.com